# يەر شارىنىڭ 2015-يىللىق ۋەزىيىتى ھەققىدە پەرەزلەر-2

## رۇسىيە ئۇكرائىنا ياكى ياۋروپادا يېڭى زېمىن يۇتۇۋالامدۇ؟

ئۇنداق قىلمايدۇ. دۆلەت ئىچى كىرىزىسى ھەمدە چەتئەلنىڭ جازاسىغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ۋىلادىمىر پۇتىن كېڭەيمىچىلىكنى توختىتىدۇ، ھېچ بولمىغاندا 2015-يىلى شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن، رۇسىيەنىڭ بۇ رەھبىرى قىرىمدا يېڭىدىن ئېرىشكەن مەنپەئەتىنى مۇستەھكەملەشكە ھەمدە ئۇكرائىنانىڭ شەرقىدىكى قىسمەن رايونلاردا توڭلىغان توقۇنۇش ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونلارنى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى توسىدۇ.

بىراق، كىشىنى سەگەكلەشتۈرىدىغان ئىككى مۇمكىنچىلىك بۇ ھۆكۈمنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئالدى بىلەن، پۇتىننىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى غەربنىڭ كۆزەتكۈچى زاتلىرى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، رۇسىيەنىڭ 2014-يىلى قىرىمنى يۇتۇۋالىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، پۇتىننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر تاكتىكىسى ئۇكرائىنادىكى توقۇنۇشنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچىدىكى قوللاش ۋە

مىللەتچىلىكنى ئۇلغايتىشتۇر. ئەمما گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، موسكۋاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا 2015-يىلى ئۇرۇشنى كېڭەيتىشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي خەۋپ-خەتىرى قارىماققا بەك چوڭ.

(گىدوئىن رېچمان)

## ئامېرىكا ئۇرۇش قىلىش قىسمىنى ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتىگە يەر يۈزىدىن زەربە بېرىشكە ئەۋەتەمدۇ؟

ئۇنداق قىلمايدۇ. «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى»(ISIS) شەك-شۈبھىسىزكى يەنىلا 2015-يىلىدىكى ئاساسلىق تەھدىت. شۇڭا، بەش بۇرجەكلىك بىنا داۋاملىق بۇ رايونغا (بولۇپمۇ ئىراققا) داۋاملىق ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە ئامال قىلىپ ISIS نى ئاجىزلىتىدۇ.

ئالاھىدە قىسىم ئالىقاچان يەر يۈزى ئۇرۇشىغا ئەۋەتىلىپ، ھاۋا ھۇجۇم يۆلىنىشىنى بېكىتىشكە ياردەملەشمەكتە. 2015-يىلى ئېھتىمال تېخىمۇ كۆپ سەرخىل قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا يەنە باغدادقا تېخىمۇ كۆپ ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئىراق قىسىملىرى بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ (گەرچە ئوباما بۇ تەكلىپكە يەنىلا قارشى تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ).

ئەمما، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىرى جەڭ مەيدانىغا ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرمايدۇ. «ئىراق ۋە شام

ئىسلام دۆلىتى»گە زەربە بېرىشتە ئاساسلىقى ئىراق ئارمىيىسىگە تايىنىش كېرەك. غەرب ھۆكۈمەتلىرى يەنە مۇنداق قاراشتا يەنىلا چىڭ تۇرىدۇ: پەقەت ئىراق ھۆكۈمەت ئارمىيىسى، يەرلىك سۈننىي مەزھەپتىكى قەبىلىلەر ھەمدە توپىلاڭغا قارشى تەشكىلاتلار كۈچىيىپ ISIS بىلەن كۈچ سىناشقۇدەك بولغاندا ئاندىن ISIS نى مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ.

رائۇل خەلىف (Roula Khalaf)

## ھىلارى كىلىنتون 2015-يىلى كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كېلەمدۇ؟

ئۇنداق بولمايدۇ. 2016-يىلىدىن ئىلگىرى، بىز جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پرېزىدېنت نامزاتىنىڭ ئىسمىنى بىلەلمەيمىز. شۇ چاغ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ (جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنىڭ نامزاتلىقىنى تالىشىۋاتقان 20 ئەتراپىدىكى قىزىق نۇقتىلىق ئادەم ئىچىدە ئايال يوق) ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھىلارىنى سايلام باشلىنىشتىلا بىر قەدەم ئالدىغا ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇ دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ياكى ئىككى نامزاتنىڭ رىقابىتىگە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن ۋېرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ سابىق كېڭەش پالاتا ئەزاسى جامېس ۋېب (James Webb) ھەمدە پات ئاردا ۋەزىپىسى توشىدىغان مارىلاند ئىشتاتىنىڭ باشلىقى مارتىن ئومالليي (Martin O’Malley) قاتارلىقلار. ئەمما ھىلارىنىڭ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى سايلىمىدا غەلىبە قىلىشىدا

ئىشەنچى بار. ئۇنىڭغا بىردىنبىر ھەقىقىي تەھدىت بولىدىغىنى ماسساچۇستىس ئىشتاتىنىڭ پۇقراپەرۋەر كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئېلىزابېس ۋاررېن (Elizabeth Warren)دۇر، ئەمما گەرچە ئەركىنلىك يولىنى تۇتقان سولچىل زاتلار ئۇنى سايلامغا قاتنىشىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ۋاررېن سايلامغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. پرېزىدېنت سايلىمى مەسىلىسىدە ۋاررېن ئامېرىكىنىڭ تۇنجى ئايال پرېزىدېنت بولىدىغان پرېزىدېنت سايلىمى يولىدا توسۇلۇپ قالغۇسى يوق.

ئېدۋارد لىيۇس (Edward Luce)

## ئەنگلىيە كېيىنكى قېتىملىق چوڭ سايلامدىن كېيىن بىر ئاۋام ھۆكۈمىتى قۇرامدۇ؟

شۇنداق. ئەنگلىيە 2010-يىلى ئۆتكۈزگەن ئالدىنقى قېتىملىق چوڭ سايلامدا 1945-يىلدىن بۇيانقى بىرىنچى بىرلەشمە ھۆكۈمەت بارلىققا كەلتۈردى. 2015-يىلى 5-ئايدىكى چوڭ سايلام يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن، ئىككى چوڭ ئاساسلىق سىياسىي پارتىيە (ئىشچىلار پارتىيەسى ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى) بىرلەشكەن ھۆكۈمەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى «مىللىي» ھۆكۈمەتنى قايتا قۇرىدۇ. دەل 1931-يىلدىكىدەك، بۇ تاللاش خاراكتېرىدىكى مەسىلە ئەمەس بەلكى مۇقەررەر مەسىلە.

ئۈچ چوڭ سىياسىي پارتىيە ئېرىشكەن بېلەت سانىنىڭ ئازىيىشى ئەركىن دېموكراتلار

پارتىيەسىنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ياكى ئىشچىلار پارتىيەسىدىكى ھەرقانداق بىرى بىلەن ئىمكانىيەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇشقا ئامالسىز قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قەد كۆتۈرۈۋاتقان سىياسىي پارتىيە مەسىلەن شوتلاندىيە مىللىي پارتىيەسى ھەممىدە ئەنگلىيە مۇستەقىللىق پارتىيەسى بىلەن بىرىش-كېلىش قىلىدىغان بەدەل ناھايىتى يۇقىرى، مەيلى ئىشچىلار پارتىيەسى ياكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بولسۇن چىدىيالمايدۇ. ئۇلار ئوخشاشلا ئاز سانلىقلار ھۆكۈمىتىنىڭ خەتىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا تېز سۇرئەتلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك بېلەت تاشلاشتۇر.

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئاسان ئىش ئەمەس، كىمنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىدە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار بار. ھەرقانداق بىرلەشمە ھۆكۈمەت كېلىشىمى ئىنتايىن تالاش-تارتىشقا تولغان ھەممىدە ئىككى تەرەپ لاگېرىدا ئۆز ئىچىدىن قارشىلىق كۆرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىياسىئونلار بۇ خىل يېڭى بۆلۈنۈش ھالىتىگە ماسلىشىشتا ۋاقىت كېرەك.

جوناسېن فورد (Jonathan Ford)

## بىت تەڭگىسى ھەممىدە باشقا شىفىرلىق پۇللار 2015-يىلى يىمىرىلەمدۇ؟

ئۇنداق بولمايدۇ. مالىيە كۈچى مول كۆپلىگەن مەنپەئەتدار توپ داۋاملىق مەبلەغ سېلىپ، بۇ شىفىر پۇلى تەجرىبىسىنى قوغداپ، ئۇنىڭ تەلتۆكۈس ياكى

جىددىي يىمىرىلىشىدىن ساقلىنىدۇ.

گەرچە بىت تەڭگىسى يېنىك بىر ئەۋلاد ئىختىيارىي رەۋىشتە ھېسابات قىلىدىغان پۇل-مۇئامىلە قورالىدا ئەڭ مودا بولدى، ئەمما ھازىر ئاساسىي پۇل بولۇشنىڭ پۈرسىتى نۆل. بىت تەڭگىسىنىڭ باھاسى نەچچە ئايدىن بۇيان ئىزچىل 350 ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا تەۋرىنىپ كەلدى، 2013-يىلى 1200 ئامېرىكا دوللىرى ۋاقتىدا سېتىۋالغان مەبلەغ سالغۇچىلار ئېھتىمال تېخىمۇ چوڭ زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن.

بۇ نۇقتا، يەنە كېلىپ ئۆتكەن بىر يىلدىكى بىر قاتار دىققەتنى تارتقان سەتچىلىكلەر، مەسىلەن 2-ئايدا توكيوغا جايلاشقان بىت تەڭگىسى سودا بېرژىسى Gox Mt نىڭ ۋەيران بولۇشى كىشىگە ئامىنىنىڭ شىفىرلانغان پۇل تەجرىبىسىگە قىزىقىشىنى تامامەن يوقىتامدۇ يوق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ۋاقىت مەسىلىسى دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئىزابېللا كامىنسكا (Izabella Kaminska)

شەخسىي تېخنىكا جەھەتتە 2015-يىلى تاقالما ئەسلىھەلەر تېخنىكىسى يىلى بولامدۇ؟

ئۇنداق بولمايدۇ. ئالما شىركىتى پات ئارىدا چىقىرىدىغان Watch Apple ھېچ بولمىغاندا «ئېستېتىك شىفرى»نى يەشتى: ئۇ ئېھتىمال دەل سىز ئەمەلىيەتتە لازىم قىلىدىغان تاقالما ئەسلىھە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە قۇدرەتلىك يەن-تېخنىكا-مەرتىۋە سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ۋاقىت مەلۇم

قىلىش قاتارلىق قوللىنىشقان ئىقتىدارلىرىدىن سىرت، مەن كىشىلەر ئۇنىڭغا نېمىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

گۇگۇل كۆزئەينىكى تاقالما تېخنىكىسى ساھەسىدىكى باشقا بىر چوڭ ئۈمىد، ئەمما ئۇ ۋەدە قىلغان كۈندە بازارغا چىقمىدى ھەمدە پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ھاكاۋۇرلۇقنىڭ سىمۋۇلىنىڭ خەتىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. گۇگۇل كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىل ئېلېكترون ئادەمچە شەكىلدىكى مودا ياسىنىشقا ماسلىشىشىنى راستىنلا ئۈمىد قىلامدۇ؟ ئالما شىركىتىنىڭ بۇ يىل تېخىمۇ چەكلىك شەكىلدە بۇ ئۇقۇمنى «قايتا قوزغىتىدىغان«لىقى مۆلچەرلەندى، نېمىلا بولمىسۇن نۇرغۇن خىزمەتلەردە تەكشى ئېكران سەپلەشنىڭ ناھايىتى كۆپ ياردىمى بار.

ئامموۋى بازارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساغلاملىق كۆزىتىش خاراكتېرىدىكى ئەپلەرنىڭ ئىنتايىن كەڭ كەلگۈسى بار. ئەمما تاقالما ئەسلىھە تېخنىكىسى قارىماققا يەنىلا ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەقىقي قوللىنىشچان قورال تېخى كەشىپ قىلىنمىدى.

رىچارد ۋوتېرس (Richard Waters)

«پۇل-مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»دىن ئوكيان تورى تەرجىمە قىلدى